# 109191 - ئايالالار كېسىلى بولغان ئايال، سىيدۈك توختىتالمايدىغان كىشى ئىككى نامازنى جەملەپ ئوقۇسا دۇرۇس بولامدۇ؟

## سوئال

مەن كىچىك تەرەت تۇتالمايمەن (سىيدۈك توختىمايدۇ) مەن ئىككى نامازنى جەملەپ بىرگە ئوقۇسام دۇرۇس بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئىستىھازە (يەنى ئايالالار كېسىلى) بولغان ئايال ۋە كىچىك تەرەت تۇتالمايدىغان-سىيدۈك تامچىلايدىغان ئەر-كىشى نىجاسەتنىڭ تارىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىر پارچە لاتا ياكى نىجاسەتنىڭ بەدەنگە ۋە كىيىمگە تارىلىپ كەتمەسلىكىنى ساقلايدىغان نەرسە تاقىۋېلىشى، ھەر نامازنىڭ ۋاقتىدا ئىچ كىيىمنى ئالماشتۇرۇشى، كىيىمگە نىجاسەت يۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوللانغان لاتىنى ئالماشتۇرۇشى لازىم.

ھەر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە ھەر ناماز ئۈچۈن يېڭىدىن تاھارەت ئالىدۇ، بۇ تاھارەت بىلەن پەرز نامازنى ۋە خالىغان نەپلە نامازلارنى ئوقۇيدۇ.

شەرىئەت بۇ تۆردىكى كىشىلەرگە ئاسانلىق يارىتىپ پېشىن بىلەن ئەسىر ۋە شام بىلەن خۇپتەن قاتارلىق ئىككى نامازنى جەملەپ بىرگە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلدى. **«پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىستىھازە بولغان ئايالغا ئىككى نامازنى جەملەپ بىرگە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلدى.»** [ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى. شەيخ ئەلبانى "ئىرۋائۇل غەلىل" ناملىق ئەسەرنىڭ 205-بېتىدە كەلتۈرگەن. سىيدۈك توختىتالمايدىغان كىشىمۇ شۇ ھۆكۈمگە قىياس قىلىنىدۇ.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "كېسەل ۋە ئىستىھازە بولغان ئايال نامازنى جەملەپ ئوقۇيدۇ". ["ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالار مەجمۇئەسى"24-توم 14-بەت].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئىككى ۋاقىتتا تاھارەتنى كامىل ئېلىش پەقەت قىيىنچىلىق بىلەن مۇمكىن بولىدىغان كىشى ئۈچۈن، (يەنى ئىستىھازە كېسىلىگە ئوخشاش) ئىككى نامازنى جەملەپ ئوقۇيدۇ". ["ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالار مەجمۇئەسى"24-توم 84-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئىستىھازە بولغان ئايال ئۇچۇن ھەر نامازنىڭ ۋاقتىدا تاھارەت ئېلىش قېيىن بولغانلىقى ئۇچۇن، پېشىن بىلەن ئەسىر ۋە شام بىلەن خۇپتەننى جەملەپ بىرگە ئوقۇشى دۇرۇس بولىدۇ. [“شەرھىل مۇمتى.”4-توم 559-بەت].

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن سىز پېشىن بىلەن ئەسىرنى، شام بىلەن خۇپتەننى جەملەپ بىرگە ئوقۇسىڭىز دۇرۇس بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.